## 8189 ـ ئىسلام دىنىدا كېچىك بالىنى بېقىشقا كىم بەكراق ھەقلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

توي قىلىپ بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەر كىشى ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئايالدىن بالىنىمۇ ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال: بالىنى بېقىشقا ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتكەن ئېرى بەك ھەقلىقمۇ ياكى ئۆزىمۇ؟ ئايال ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە باشقا شەھەرگە كېتىپ ياشىماقچى بولسا قانداق قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

كېچىك بالىنى بېقىشقا ئەرلەردىن ئاياللار بەك ھەقلىقتۇر، ئايالالار بۇ ئىشنىڭ ئەھلىدۇر، چۈنكى ئۇلار بالىلارغا بەك كۆيۈنىدۇ، مېھرىبانلىق قىلىدۇ، توغرا تەربىيىگە يېتەكلەيدۇ، بۇ ساھەدە بارلىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، بالىنىڭ ئانىسى يولدىشىدىن ئايرىلىپ توي قىلمىغان مۇددەتتە ۋە بالىنى بېقىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولغان ھالەتتە بالىنى بېقىشقا ئۇ ھەقلىق بولىدۇ.

بالىنى باققۇچىدا تولۇق بولىشى تەلەپ قىلىنىدىغان شەرتلەر، ئۇنىڭ: ھۆر-ئەركىن بولىشى، ئادالەتلىك بولىشى، بالاغەت يېشىدىن ئاشقان بولىشى ئەگەر باقىدىغان بالا مۇسۇلمان بولسا ئۇنىڭمۇ مۇسۇلمان بولىشى، باقىدىغان بالىنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا قادىر بولالىشى، باقىدىغان بالىغا يات بولغان كىشى بىلەن توي قىلمىغان بولىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەردىن بىرەرسىنى يوقىتىپ قويسا ياكى تۇيۇقسىز ئەقلىنى يوقىتىپ قويسا ياكى يات بىر كىشى بىلەن توي قىلسا، ئۇ ئايالنىڭ بالىنى بېقىش ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن چەكلىمە يوقالسا بېقىش ھوقۇقى يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ، لېكىن بالىنى باقتۇرغۇچىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ رىئايە قىلىش بەك مۇھىمدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ھەققى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

كېچىك بالىنى بېقىش مۇددىتى بولسا، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولغانغا قەدەر بولىدۇ، يەنى ئۆزى يەپ-ئىچىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى رەتلىك كىيىپ، ھاجەتخانىغا كىرسە ھاجىتىدىن چىققۇدەك ھالەتكە يەتكۈچە داۋام قىلىدۇ.

بالا قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل بولسۇن مۇشۇ ھالەتكە يەتكەندە، ئۇنى بېقىش مۇددىتى ئاخىرلىشىدۇ، بۇ يەتتە ياكى سەككىز ياشقا كىرگەندە بولىدۇ.

ئەمما سەپەرگە ئېلىپ چىقىش مەسىلىسىدە، بىقىۋاتقان بالىنى يۆتكەش توغرىسىدا:  ئاتا-ئانىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، بالىنى بىقىشتىكى قاراشلىرى پەرقلىق بولسا، ئۇ ئىككەيلەننىڭ سەپەر قىلىشى ئۈچۈن بىر قانچە تۈرلۈك ئەھۋاللار بولىدۇ:

1-ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرى يۇرتتىن كۆچۈپ كەتمەستىن ۋاقىتلىق سەپەرگە چىقىپ قايتىپ كېلىدىغان بولسا، سەپەرگە چىقماي مۇقىم تۇرغىنى بالىنى بىقىشقا ھەقلىق بولىدۇ.

2-ئىككىسىنىڭ بىرى يۇرتتىن كۆچۈپ باشقا يۇرتقا كەتمەكچى بولسا، بارىدىغان يۇرت ياكى يول ئەمىن-خاتىرجەم بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا مۇقىم تۇرغىنى بىقىشقا ھەقلىق بولىدۇ.

3-ئىككىسىنىڭ بىرى يۇرتتىن كۆچۈپ باشقا يۇرتقا كەتمەكچى بولسا، بارىدىغان يۇرت ياكى يول ئەمىن-خاتىرجەم بولسا، ئۇ ۋاقىتتا يۆتكىلىپ كەتكۈچى ئانا بولسۇن ياكى ئاتا بولسۇن، بالىنى بىقىشقا ئاتا بەك ھەقلىقتۇر.

4-ئەگەر ئاتا-ئانا ھەر ئىككىسى باشقا بىر يۇرتقا كەتمەكچى بولسا بالا ئانىنىڭ بىقىشى دائىرىسىدە تۇرىۋېرىدۇ.

4-ئەگەر بارىدىغان سەپەر مۇساپىسى يېقىن بولسا، ئاتىسى ئۇلارنى كۆندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بالا ئانىنىڭ بىقىشى دائىرىسىدە تۇرىۋېرىدۇ.

پەرزەنت بالاغەتكە يېتىپ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن تولۇق چىققۇدەك بولغاندا، بالىنى بىقىش مۇددىتى ئاخىرلىشىدۇ، بالىغا ئىگە بولۇپ بىقىش ۋاقتى كېچىك بالىغا ئىگە بولغاندىن باشلىنىپ بالا ئىھتىلام بولۇپ ياكى ئادەت كۆرگەنگە قەدەر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ، بالا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا ئەركىن-ھۆر بولىدۇ.

ئايالنىڭ كىچىك بالىنى بىقىش ھەققى بولسا، بارلىق مەزھەپلەرگە كۆرە ئومۇمەن بالىنى بىقىش ھەققى ئايالنىڭ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئانا ۋە چوڭ ئانا بۇنىڭغا بەك ھەقلىقتۇر.  ئەمما بالىنى بىقىش ھەققىنى ئاتا بىلەن ئانا تالىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىقىشقا لايىق بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن قايسى بەك ھەقلىق دېگەن مەسىلىدە  مەزھەپلەر ئارىسىدا پەرقلىق قاراشلار بار.

مالىكي ۋە زاھىري مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ قارىشىغا كۆرە: بالا ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن بۇنى بىقىشقا ئانا بەك ھەقلىق بولىدۇ.

ھەنبەلى مەزھەپ قارىشىغا كۆرە:  بالا ئوغۇل بولسا ئۇنىڭغا تاللاش ھەققى بېرىلىدۇ، ئەمما قىز بولسا بۇنى بىقىشقا ئاتا بەك ھەقلىق بولىدۇ.

ھەنەپىي مەزھەپ قارىشىغا كۆرە:  ئوغۇل بالىنى بىقىشقا ئاتا بەك لايىق، قىز بالىنى بىقىشقا ئانا بەك لايىق بولىدۇ.

ئاتا-ئانا ھەر ئىككىسىدە بالىنى بىقىشتا تەلەپ قىلىنىدىغان شەرتلەر تولۇق بولسا ئۇلار تالىشىپ قالغاندا بالىغا ئىختىيارلىق

بېرىلىدۇ مانا بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.